

# مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى (1)

## ئىلاۋە

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئايدىن باشلاپ پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۆرەش قىلىشنى قارار قىلدى.

دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازادلىقى، ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇلاپ كۆرەش قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئۇ سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنى سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار، خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، قان تۆكۈپ قۇربان بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «بىر ئۈمىدۋار مىللەتتە قەھرىمان بولمىسا بولمايدۇ، بىر ئىستىقباللىق دۆلەتتە ئاۋانگارت بولمىسا بولمايدۇ.» «بىز چوقۇم قۇربانلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشتەك ئۇلۇغۋار غايىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك».

شىنخۇا ئاگېنتلىقى 2018 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ «مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى» مەخسۇس ئىستونىنى تەسىس قىلىپ، قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ھېكايىسىنى ئەسلەش، قەھرىمانلارنىڭ پەزىلىتىنى ياد ئېتىش، مىللەتنىڭ تارىخىنى ھېس قىلىش، مىللىي روھتىن روھلىنىش ئارقىلىق، مىللىي قەھرىمان، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىشتەك جەمئىيەت كەيپىياتىنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچنى ئۇرغۇتتى.

بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بىر تۈركۈم قەھرىمان، قۇربانلارنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى مەركەزلىك تونۇشتۇرىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەھرىمانلارنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

## پېڭ رېنفا: ئاۋىياتسىيە ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىش



**شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ۋۇ خۇيىيىڭ، سۈن شاۋشيۇڭ)** ئۈرۈمچى شەھىرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا قارىغاي، ئارچىلار بۈك - باراقسان بولۇپ، سۈرلۈك، جىمجىت ئىدى، ئىنقىلابىي قۇربان پېڭ رېنفانىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. گەرچە تازا كۈزگە چېلىقىپ تۇرمىسىمۇ، بىراق، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا دائىم كىشىلەر قەدىمىنى توختىتىپ، قۇربانغا بولغان سېغىنىشى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

پېڭ رېنفا، ئەسلىي ئىسمى پېڭ دىرېن بولۇپ، جياڭشى گەنجوۋدىن، كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان. 1930 - يىلى جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئىلگىرى قىزىل ئارمىيەدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەڭچى، مۇھاپىزەتچى ۋە تۇەن، شىنىڭ خاس ۋەكىلى بولغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش قېتىم قورشاپ يوقىتىش كۆرىشىگە ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان 25 مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان ھەم قىزىل ئارمىيەگە ئەگىشىپ ئۇزۇن سەپەر قىلىپ شىمالىي شەنشىگە بارغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، يەنئەن موتو مەكتىپىگە ئوقۇشقا تاللاپ ئەۋەتىلگەن.

1937 - يىلى 12 - ئايدا، پېڭ رېنفا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئاۋىياتسىيە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن. 1938 - يىلى 3 - ئايدا، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى ئاۋىياتسىيە ئەترىتىنىڭ ماشىنىسازلىق بەنىگە ئوقۇشقا كىرگەن. شىنجاڭدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، پېڭ رېنفا قارلىق تاغلارغا يامىشىش، يايلاقلاردىن ئۆتۈشتەك ئىنقىلابىي روھى ئارقىلىق مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دەرسخانىدا، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋاقتىدا ئۆگىنىپلا قالماي،

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

## ۋاڭ دېشياڭ: خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان قىزىل ئارمىيە ئۇچقۇچىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر باۋ شياۋجىڭ)** ئەنخۇينىڭ جىنجەي ناھىيەسىدىكى ئىنقىلابىي مۇزېيدا، 11 مىڭدىن كۆپرەك ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئىسىم - فامىلىسى يېغىپ ساقلانغان، ۋاڭ دېشياڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى.

ۋاڭ دېشياڭ، 1916 - يىلى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ليۇئەن ناھىيەسى جىنجياجەيدىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ بۇرۇنلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، ئانىسى بىلەن بىر - بىرىگە تايىنىپ ياشاپ، ئاچ - يالىڭاچ جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1931 - يىلى 11 - ئايدا، جۇڭخۇا سوۋېت مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، قىزىل ئارمىيە ئەنخۇينىڭ غەربىدىكى ليۇئەن، خوشەن ئەتراپىدا يەر ئىنقىلابىنى قانات يايدۇرغان، ۋاڭ دېشياڭ يەر زومىگەرلىرىگە زەربە بېرىش، يەر تەقسىملەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىنقىلابىي كۆرەشتە چېنىقىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئەينى يىلى ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 15 ياشتا ئىدى. شۇ يىلى، ئۇ ئانىسىنى قايىل قىلىپ قىزىل 4 - يۈنىلىش ئارمىيەسىگە قاتناشقان ھەم 1933 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇيرۇق يەتكۈزگۈچى ئەسكەر، بەنجاڭ، باش ئىشتابتا شىفىر يەشكۈچى بولۇپ، قىسمىغا ئەگىشىپ جەنۇب - شىمالدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلغان. ئۇزۇن سەپەردە، 20 ياشقا كىرمىگەن ۋاڭ دېشياڭ قىزىل 4 - يۈنىلىش ئارمىيەسىگە ئەگىشىپ قارلىق تاغلاردىن ھالقىپ، يايلاقلاردىن ئۆتۈپ، ئاچلىق، سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەن. 1936 - يىلى ئۇزۇن سەپەردە قىسىملار غەلىبىلىك ئۇچراشقاندىن كېيىن، ۋاڭ دېشياڭ يەنە غەربىي يۈنىلىش ئارمىيەسى باش ئىشتابىغا قاراشلىق قىسىمغا ئەگىشىپ خېشى كارىدورىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىپ، مىلتارىستما بۇفاڭ قىسىملىرىغا قارشى قان كېچىپ ئۇرۇش قىلغان.

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

## چېن تەنچيۇ: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، پارتىيەنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى



**شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شۇ خەيبو)** چاغان مەزگىلدە، خۇبېي ئۆلكىسى خۇاڭگاڭ شەھىرىنىڭ خۇاڭجوۋ رايونى چېنسىلوۋ بازىرى چېنسىلوۋ كەنتى ئىناق كەيپىياتقا تولغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، پارتىيەنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىنقىلابىي قۇربان چېن تەنچيۇنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى كەنت - مەھەللىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقانىدى. نۇرغۇن سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچى ۋە ياقا يۇرتتىن يۇرتىغا قايتقانلار بۇ يەرگە ئالايىتەن كېلىپ، گۈل تەقدىم قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنى ياد ئېتىدۇ.

چېن تەنچيۇ، 1896 - يىلى تۇغۇلغان، خۇبېي خۇاڭگاڭدىن. ياشلىق دەۋرىدە 4 - ماي ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. 1920 - يىلى كۈزدە، ئۇ دۇڭ بىۋۇ قاتارلىقلار بىلەن ۋۇخەندە كومپارتىيەنىڭ دەسلەپكى تەشكىلاتىنى قۇرغان. 1921 - يىلى 7 - ئايدا پارتىيە 1 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. شۇنىڭدىن كېيىن، چېن تەنچيۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەنيۈەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ۋۇچاڭ يەرلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ كومىتېت باشلىقى، خۇبېي رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، جياڭشى ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مانجۇرىيە ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، جايلاردىكى ئىشچىلار ھەرىكىتى، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ۋە ئەسكەرلەر ھەرىكىتى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قاتىرىغان.

1933 - يىلى باش يازدا، چېن تەنچيۇ مەركىزىي سوۋېت رايونىغا بېرىپ خىزمەت قىلىپ، فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1934 - يىلى 1 - ئايدا، رۈيجىندا ئېچىلغان جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيىدا، ئۇ مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاشلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ سايلانغان. قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغاندىن كېيىن،

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

## لىن جىلۇ: قىزىل قەلبى بىلەن تيانشانغا نۇر چېچىش



**شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى شيۇڭيىڭ، ئاينۇر)** شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيەسىدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار، بۇ مەكتەپ 1936 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىزچىل قىزىل گېننى مەنىۋى ئىچكى يادرو قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك مېھىر - مۇھەببىتىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئوقۇغۇچىلار قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇپ، ھازىر شىنجاڭدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسىغا ئايلانىدى. بۇ مەكتەپ لىن جىلۇ باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ، قۇرغۇچىسى ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ.

لىن جىلۇ، ئەسلىي ئىسمى لىن ۋېيلياڭ، 1916 - يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى تەيشەن ناھىيەسىنىڭ دوۋخۇ بازىرى داگاڭ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1928 - يىلى، يېڭى قۇرۇلغان رېنيۆەن ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. رېنيۆەن ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، لىن جىلۇ تىرىشىپ ياخشى ئوقۇغان، ئەخلاق - پەزىلەتتىمۇ ۋە ئۆگىنىشتىمۇ ئەلا بولغاچقا، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان ھەم مەكتەپ ژۇرنىلى «تۆگە»نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان، دائىم دەۋرنىڭ ئىللەتلىرىگە قارىتا ئۆزگىچە قاراشقا ئىگە سىياسىي مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان.

1931 - يىلى، لىن جىلۇ گۇاڭجوۋ جۇڭشەن داشۆسىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا بۆلۈمىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 18 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇ «پەقەت جەڭ قىلىشلا قالدى» دېگەن سىياسىي مۇھاكىمە ماقالىسىنى يازغان. 1934 - يىلى، لىن جىلۇ ياپونىيەنىڭ دوڭجىڭغا بېرىپ، مىڭجى داشۆسىگە كىرىپ سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىدە ئوقۇغان. 1935 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1937 - يىلى، ياپونىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشنى تېزلەتكەن، شۇ يىلى 6 - ئايدا، لىن جىلۇ شاڭخەيگە قايتىپ كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاتلانغان. كېيىن يەنئەنگە بارغان. 1938 - يىلىنىڭ بېشىدا، پارتىيەنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن، لىن جىلۇ شىنجاڭغا كېلىپ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىشلىگەن، دەل شۇ مەزگىلدە، ئۇ ئىسمىنى لىن جىلۇغا ئۆزگەرتىپ، پارتىيەنىڭ تۆپ لۇشيەنىگە مەڭگۈ ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

